سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# «دۇنيادا بىرلا جۇڭگو بار»

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى تاماملاشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلدى. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ھەققانىيەت كۆرىشىدە، «بىر جۇڭگو» پرىنسىپىنى شەكىللەندۈردى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت جۇڭگو خەلقىنىڭ تەيۋەننى ئازاد قىلىشىدا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى ۋە تىنچلىق ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇمكىنچىلىك ئۇسۇلى بار، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. «جۇڭگو خەلقى ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىتتا تىنچلىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەيۋەننى ئازاد قىلىشنى خالايدۇ» «تىنچ سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ كېلىپ، قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىدۇ.» لېكىن تۈرلۈك ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ تەشەببۇسلار ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىدى.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ تەييارلىغان، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى پېڭ دېخۇەيىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان «تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە»دە ئاشكارا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «بىز ھەممىمىز جۇڭگولۇق. 36 تەدبىر ئىچىدە ئەپلىشىپ قىلىش ھەممىدىن ئەلا تەدبىر» «دۇنيادا بىرلا جۇڭگو بار، ئىككى جۇڭگو يوق».

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ بىر قېتىملىق سۆھبەتتە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: پەقەت جياڭ فامىلىلىك ئاتا ـ بالا ئامېرىكىغا قارشى تۇرسىلا، بىز ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشساق بولىدۇ؛ تەيۋەن، پېڭخۇ، جىنمېن، مازۇلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلسە، ئەسلىدىكى ئۇسۇلى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدۇ، ئارمىيەنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ، ئۈچ مەسلەك بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانسا بولىدۇ.

1960 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جوۋ ئېنلەي سۆھبەت روھىنى «بىر مىزان، تۆت قاراش»قا يىغىنچاقلىدى ھەم جاڭ جېجۇڭنىڭ 1963 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چېن چېڭغا يازغان خېتى ئارقىلىق تەيۋەن تەرەپكە يەتكۈزدى.

«بىر جۇڭگو» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ ئۇسۇل ئارقىلىق تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، «تىنچ بىرلىككە كېلىش، بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېنىنىڭ بېكىتىلىشى ئۈچۈن سىياسىي ئاساس سېلىپ بەردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تېلېگراممىسى)**

# 2019 شىنجاڭ پاختا كەسپى تەرەققىيات مۇنبىرى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، 2019 شىنجاڭ پاختا كەسپى تەرەققىيات مۇنبىرى ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلار «يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ پاختا كەسپىنىڭ تەرەققىيات يولى» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، نۆۋەتتە شىنجاڭ پاختا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە پۇرسەتنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى ھەم شىنجاڭ پاختا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، يولىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن مۇنبەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە كارخانىچىلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئىككى نۆۋەتلىك پاختا نىشان باھا ئىسلاھاتى ئارقىلىق، شىنجاڭ پاختا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدى، شۇنداقلا شىنجاڭ پاختا كەسپىنىڭ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى بازىرىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. يېڭى خىرىس، يېڭى پۇرسەت ئالدىدا، قەتئىي تەۋرەنمەي دۆلەتنىڭ پاختا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پاختا ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، «كۆلەمنى كونترول قىلىش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىقتىدارغا كاپالەتلىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، بازا قۇرۇپ ئاساس سېلىش، ئىلمىي باشقۇرۇپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇشتا دەرىجىنى ئۆستۈرۈش، مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ كاپالەتنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ پاختا كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى كۆك شىڭلۇڭ پائالىيەتكە قاتناشتى. جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەي جېنخۇڭ ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى.

# مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەرگە تېلېۋىزور سوۋغا قىلدى

دۆلەت بايرىمىنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالايلى

گېزىتىمىزنىڭ قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن **پەن يەنيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى چىكە كەنتىدە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىقلارنىڭ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەرگە تېلېۋىزور سوۋغا قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. سوۋغا قىلىش نەق مەيدانىدا، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن 40 نامرات ئائىلە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن داڭلىق ماركىلىق 32 دىيۇملۇق سۇيۇق كرىستاللىق رەڭلىك تېلېۋىزورنى مەركەزلىك ئالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى، دۆلەت رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ئىنقىلابىي كونا رايونلار ۋە نامرات رايونلارغا 620 مىڭدىن ئارتۇق تېلېۋىزور سوۋغا قىلدى، سوۋغا قىلىش ئوبيېكتى نامراتلىقتىن تېخى قۇتۇلمىغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى تېلېۋىزورى يوق قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن 51 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىگە تېلېۋىزور سوۋغا قىلىنىدى.

تېلېۋىزورنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، بارىن يېزىسىنىڭ چىكە كەنتىدىكى نامرات ئاھالە گۈلشەن ھىمىتنىڭ چىرايىدا نۇرلۇق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. گۈلشەن مۇنداق دېدى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، بىز پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ياخشى سىياسەتلىرىگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. ھازىر تېلېۋىزور بار بولدى، تاشقى دۇنيانى چۈشىنىدىغان يەنە بىر يول كۆپەيدى، بۇنىڭدىن كېيىن مەن پارتىيەنىڭ يېڭى سىياسەتلىرى ۋە بېيىش، ئىگىلىك تىكلەش توغرىسىدىكى بىر قىسىم پروگراممىلارنى كۆپرەك كۆرۈپ، مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، تېخنىكا ئۆگىنىپ، بىلىم ئۆگىنىپ، نامراتلىق يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلايمەن».

«تېلېۋىزور سوۋغا قىلىش خىزمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامرات ئاممىغا بولغان چوڭقۇر، سەمىمىي غەمخورلۇقىنى تولۇق نامايان قىلدى، تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت سېپىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قوللىغانلىقىنى نامايان قىلدى، نامرات ئاممىدا تېلېۋىزور بار بولسا، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ۋاقتىدا كۆرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلۇش، تەرەققىياتتىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئورتاق ھېس قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ يەڭنى تۇرۇپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتەك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ» دېدى چىكە كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى لى خەيجۇك.

بۇلتۇر ۋە بۇ يىل چاغانىنىڭ ئالدىدا، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم شىنجاڭغا، نۇقتىلىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا جەمئىي 55 مىڭ 800 تېلېۋىزور سوۋغا قىلغان. بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىقلار يەنە دۆلەت بايرىمى ئالدىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەرگە 51 مىڭ 541 تېلېۋىزور سوۋغا قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «مەنىۋى كەمتۈكلۈك»نى تولۇقلىدى، بۇ، نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تولۇق ئۇرغۇتىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشقا پايدىلىق. ھەرقايسى جايلار، تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاسراشقا ماس تۈرتكە بولۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ، يۇندى باشقۇرۇش تورى قاتارلىق ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، ھازىر بار بولغان ئەسلىھەلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇندى باشقۇرۇش تورى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاش، ئومۇميۈزلۈك يىغىش، ئومۇميۈزلۈك بىر تەرەپ قىلىش نىشانىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەھەر قۇرۇلۇش رايونلىرىدىكى تۇرمۇش يۇندىسىنى بىۋاسىتە چىقىرىش قاتارلىق قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ئالدىن ھەل قىلىپ، ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، شەھەر ـ بازار تۇرمۇش يۇندىسىنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى جايلار يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش، تارماقلار ھەمكارلىشىش، كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، كۈچلۈك بولغان ماس ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى بۆلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەبلەغ كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئۈچ يىللىق ھەرىكەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شەھەر تۇرمۇش يۇندىسىنى يىغىشنىڭ ئۈنۈمىنى سىستېمىلىق ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەرلەردىكى كەنتلەر، كونا شەھەر رايونلىرى ۋە شەھەر ـ يېزا تۇتاشقان جاينىڭ باشقۇرۇش تورى قاتارلىق ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى ئالدىن تولۇقلاپ، يۇندى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى بەلگە قويۇپ ئۆزگەرتىش، پاتقاقنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى ۋە يۇندىدىن قايتا پايدىلىنىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە، شەھەر ـ بازارلارنىڭ يۇندى بىر تەرەپ قىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش نىشانىغا مۇناسىپ خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك؛ سىياسەت ئارقىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، خىراجەت ـ باھا مېخانىزمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانا ۋە ئاممىدىن ئىبارەت ھەرقايسى تەرەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمىدە ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، بىڭتۇەن 5 ـ شى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شىجاڭ

## مەخمۇتجان بارات ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆزخەۋەرىمىز** بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، بىڭتۇەن 5 ـ شى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن شىجاڭ مەخمۇتجان بارات ئىنتىزامغا قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى

## شۇ سۈنيۈەن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆزخەۋەرىمىز** شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شۇ سۈنيۈەن ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سەككىز ۋەكىلى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلىدى؛ ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشى ۋە تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 40 يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە تولۇق ئادا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ياخشى قىياپىتىنى نامايان قىلدى. يېڭى دەۋردىكى يېڭى تەلەپلەر ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كۇتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا ئاۋانگارتلاردىن بولۇشى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنداق تەكىتلىدى: ئىشەنچ، ئىرادىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىدىنمۇ تۈزەپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى تۇتۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش؛ ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئارىسىدىن كېلىش، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىشتەك ئالاھىدىلىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ئاممىنى پائال يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش؛ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرىنى ئاڭلىق قوللىنىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش؛ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قانۇن ـ نىزاملارغا باشلامچىلىق بىلەن قاتتىق رىئايە قىلىپ، جەمئىيەت ئومۇمىي ئەخلاقىغا ئەمەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجياك كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)